

# ئاليوشىنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى



# ئاليوشىنىڭ ئۆزىنى چىنىقتۇرۇشى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ — 1956

www.uyghurkitap.com

موۋېت ئىتتىپاقى لېنىنگرات كىنو ستۇدىيىسىدە ئىشلەنگەن.
شاڭخەي كىنوستۇدىيىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ قايتا
ئىشلەنگەن.

سىتسېنارىيە ئاۋتورى: ئا. بارتو

باش رېژىسسور: ئا. گرانىكا

رېژىسسور: ئى. گىندىن

ئوپېراتور: ئى. شاپىرو

روللاردا:

ئالىيوشا ...................... ۋ. كازگوپولىتسېۋ

ئولە موماي .................... ئو. پىژوۋۋا

سىما موماي .................... ۋ. سىبىرانتوۋا

ساشا .......................... ن. پولىنكوۋسكايا.

## سۆز بېشى

بۇ ھىكايە-رەسىم كىتاۋى بىزگە، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان باللارنىڭ قانچىلىك بەختىيار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەر ئادەم ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى خوجايىنلىرى ھېساپلانغان باللارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىمەكتە. پاخلاندەك ئاليۇشامۇ ئەنە شۇنداق شارايىتتا ئۆسمەكتە.

ئاليۇشانىڭ چوڭ بىر كامچىلىقى شۇكى، ئۇ مومىسىنىڭ ئەكە قىلىپ ئۇستۇرۇشى بىلەن بېقىندىلىق ئادىتىگە ئۆگۈنۈپ قالدۇ، كېيىنرەك دادىسىنىڭ چىڭ تۇتۇشى ۋە مۇئەللىملىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا، زېرەك ئاليۇشا ئۆزىنىڭ بۇ كامچىلىقىنى تىرىشىپ يوقۇتۇشقا بەل باغلايدۇ.

بىر قېتىم ئاليۇشا مومىسىنىڭ ئورنىدا ژىراقتىن مېھمان

بولۇپ كەلگەن مومايىنى ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ساشانى ئالدىغا
چىقىپ كۈتۈۋالدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇز تېيىلىش ۋاقتىدىن كېيـ-
يىن، بۇ كەلگەن مېھمانلارنى ئۆزى بىللە موسكۋا مېترو-
پولىتېنلىرىنى، قىزىل مەيدانىنى تاماشا قىلدۇرۇدۇ، ئالىيوشا
ساشانىڭ موسكۋالىقلار توغرىسىدىكى ناتوغرى تونۇشىنى تۈ-
زۈتۈدۇ ۋە موسكۋالىقلارنىڭ ئابرويىنى تىكلەيدۇ. شۇنداق
بولسىمۇ ئاخىرى ئۇ، ئۆزىنىڭ مەشغۇلات جەدۋىلىگە ئەمەل
قىلىپ، ۋاقتىدا ئويىگە يېنىپ كېلىدۇ.

ئالىيوشانىڭ مۇستەقىل ئىش قىلالىشى ئۆز مومىسىنىڭ تەر-
بىيەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشىگىمۇ سەۋەپ بولۇدۇ.



— بۇ پاخالاندا ياتقان بالىنىڭ ئىسمى ئالىيوشا. ئۇ، بۇ ژىل 9 ياشتا، موسكۋا شەھەرىدە تۇرىدۇ، 3 - سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە باللارغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ، مەكتەپنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئىھتىيات بىلەن تەربىيىلىشى ئارقىسىدا بەختلىك بولۇپ ئۆسمەكتە.




ئاليوشا يېقىندىن بېرى، ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ بىر كەم-چىلىك بارلىقىنى، يەنى نۇرغۇن ئىشلاردا مومىسىغا يېقىندى بولۇۋالىدىغانلىقىنى سەزدى، ئۇ بۇ كەمچىلىكىنى تۈزەشكە بەل باغلىغاشقا، ئاۋۋال بىر مەشغۇلات جەدۋىلى تۈزەپ چىقىپ، ئۆز ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بې-رىشقا ئادەتلىنىشكە تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



— شۇنداقتىمۇ مومىسى ئۇلە ئاليۇشاغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، ئۇ سەھەر تۇرۇپ ئاليۇشانىڭ بولمىسىغە كىردى، سائەتكە قارىسا 7 گە يەنە 3 مىنۇت قەپتۇ. ئاليۇشا بولسا تېخى ئۇيـ خاندىكەن ئىدى. مومىسى ئۇنى ئاياپ، ئويغاتمىدى.




مومىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋال [illegible] نەۋرە-
لىرىنى [illegible] تىلەپ قويدى. كېيىن كوزۇپيانىڭ «بۈگۈن ھېساب
ئوقۇتۇلىدىكەن، ھە دۇرۇس، مۇنۇلار بىزگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق
ئىكەن» دەپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




بۈگۈن موماي تولىمۇ خوشال، چۈنكى، ياش ۋاختىدا بىللە ئوقۇغان سىما دېگەن بىر ساۋاقدىشى بۇلارنى يوقلاپ موسكۋاغا كەلمەكچى ئىدى، موماي ساۋاقدىشى بىلەن خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن رەسىمنى كۆرۈپ: «1919 ‐ ژىلى سىما بىلەن ئولەننىڭ سېۋستوپولدا چۈشكەن رەسىمى» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇدى. كېيىن ئۇ تۈنۈگۈن سىمادىن كەلگەن خەت بىلەن بۈگۈن ئالىيەدە ئىزدەپ تاپقان رەسىمنى ئاليوشاغا كۆرسەتمەكچى بولدى.




سائەت 7 كە جىرىڭلىدى، موماي مانا ئەمدى ئاليوشانى
ئوخاتتى، ئاليوشا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئورلىگىنىدىن ئواخـ
تىدا ئوخانغاندەك: «موما، مەن ئەمدى سائەت 7 دە تۇرۇشقا
ئاداەتلىنىپ قالدىم» دېدى. مومىسى: «بارىكاللا، ئەمما يوتقـ
انلىرىڭنى يىغىشتى ئۇنتۇپ قالما» دەپ قويدى.



[illegible] موماي ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئاليوشا يوتقان [illegible]
كۆرۈشتى. [illegible]



قەغەز بىشىغا [illegible] بولا ـ بولماستىن ئويغىنىپ [illegible] قاتتىق [illegible] ئاليوشا
قالپاقنى كىيدى ـ دە، قولىغا ياغاچ قىلىچىنى ئىلىپ، كىچىك
باتۇرلاردەك قىياپەتتە، ياستۇقنى دۈشمەن قىلىپ ئۇنىڭغا
ھۇجۇم باشلىدى.




موملىسى ئۇيگە قايتىپ كىرىشىگە، ئالىيوشا دەرھال قالپى-غىنى بىر ياققا، قىلىچىنى ئىككىنچى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، ئورنىنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن ئەتىسىگەنلىك گىمناستىكا ئويناشقا باشلىدى. مومىسى: «ئىككى قولۇڭنى تۈز كۆتە، ئىككى تىزىڭنى پۈك، بىر، ئىككى، ئۈچ! بىر، ئىككى......» دەپ ئۈگەتتى.



— سپارتموملىقى، كوماندىلار بەرگەن بويىچە يەلكە تاشلاشقا چىقىپ
كەتتى. [illegible]
[illegible]
[illegible] : « [illegible] »
[illegible] ...... » [illegible].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شوخ ئاليوشا مومىسىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ يېقىن ئارىدا تۇرۇپ كوماندا بېرىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يېتىۋېلىپ، ئويۇنچۇق ئويناشقا باشلىدى.



ئاليوشا ئەتىگەنلىك گىمناستىكىنى تۈگۈتۈپ، يۈزىنى ژۇيۇۋاتاتتى، مومىسى ئۇنىڭغا ھېلىقى رەسىمنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ئېلىپ كىردى.




مومىسى ئالىيوشاغا رەسىمنى كورسۇتۇپ: «مەن بۇ دوستۇم بىلەن خېلى ژىللار بولدى كورۇشەلمىدىم، تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن خەت كەلدى، خەتتە: «يولدىن ئۆتكەچ موسكۋادا توختايمىز، سەن ستانسىغا كېلىپ كۈتۈۋالغىن، بىر قىز نەۋرەممۇ بار» دەپتۇ. مەن جەزمەن ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ ئامدان سايا-ھەت قىلدۇرۇمەن» دېدى.




مومايدىمۇ بالدۇردىن تارتىپ ئىشنى ئېھتىياتسىزلىق بىلەن قىلىدىغان بىر كامچىلىق بولۇپ، پات - پات بىر نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە كونا ساۋاقدىشىدىن كەلگەن ھېلىقى خەتنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بۇگۈن كەچقۇرۇن ياكى ئەتە كەچقۇرۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، «بەلكى ئەتە كەچقۇرۇن كېلىپ قالار» دەپ پەرەز قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكلتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەمما ئۇنىڭ كونا ساۋاقدىشى ئەتە ئەمەس، بەلكى مانا بۈگۈنلا پويىزد بىلەن كېلىۋاتاتتى، ئۇمۇ پويىزدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇلە بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «ئۇزۇندىن بېرى كۆرالىغان قەدىرلىك دوستۇم بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇم» دەپ ناھايىتى خوشال بولدى.




نەۋرىسى ساشا پويىزدىنىڭ چاپسانراق موسكۋاغا يېتىپ بېرىشىنى ، كرېمىل سارىيىنى ، مېتروپولىتېنلەرنى ساياھەت قىلىشنى سەۋرسىزلىك بىلەن ئۈمىت قىلماقتا . چۈنكى بۇلار موسكۋادا پەقەت 3 سائەتلا ھايال بولاتتى ، شۇڭا ساشا بىزنى قارشى ئالىنلى ۋە ساياھەت قىلدۇرغىلى ئادەم چىقماي قالارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنەتتى . شۇڭا ئۇ مومىسىدىن :

«موما ، سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىز راستىنلا ئالدىمىزغا چىقارمۇ ؟» دەپ سورىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




مومای پويېزد موسكۋا ستانسىسىدا توختىغان ھامان سا-
ۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا كوزى يېتىپ: «چىقىدۇ، كونا
دوستۇم ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە موسكۋالىقلارنىڭ مېھمان-
دوستلۇقتا داڭقى چىققان» دەپ ساشانى خاتىرجەم قىلدى.




ئەمما بۇ چاغدا ئۇلە مەھمانلارنى ئەتە كەچقۇرۇن كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ناشتىغا ئولتۇردى. ئاليۇشانىڭ ئاچىسى گالە ئۇكىسىنى غەمخورلۇق قىلىپ: «ئۇكام، مەشغۇلات ۋاختىدىكى ئەمەل قىلىشىڭ قانداغىراق؟» دەپ ئۇنىڭ ئۆزىنى چىنىقتۇرۇش ئەھۋالىنى سورىدى.

ئاليۇشا: «ناھايىتى ياخشى، ۋاخت ـ سائەتكە پويىزد قاتناش رىتايە قىلىنغاندەك شۇنداق رىتايە قىلىۋاتىمەن!» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ـ ئاتىسى ئاليۇشانىڭ مەشغۇلات ۋاختىدا ئەمەل قىلالىشىنى ئانىسىنىڭ جىكىلەپ تۇرۇشىدىن بولدى دەپ ئاليۇشاغا«مەنىڭچە ئۆزەڭنىڭ ئەمگىكىڭ ئەمەس» دېدى.




ئانىسى دەرھال نەۋرىسىگە يان بېسىپ: «ھەر قانچە قىل-
غان بىلەن كىچىكتە!» دېدى.

ئالىيوشانىڭ دادىسى: «بالا، بېقىندىلىقا كىچىكىدىن
ئۆگۈنۈپ قالىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى




شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن سوز تالىشىشقا باشلىدى، ئالىيۇشانىڭ ئانىسى ئالمان-تالمان كىلىپ: «ھەر قايسىڭىزلارنىڭ ئۆزىڭىزلەرگە چۇشلۇق ئاساسىڭىزلار بار. ئالدى بىلەن توقاچقا ئىغىز تىگەيلى!» دەپ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇشقا ھەركەت قىلدى.




موماي قاتتىق ئاچچىقلاندى: «مەن ھەر ئىش قىلسام
نەۋرىلىرىمنى ياخشى بولسۇن دەپ قىلغان ئىدىم، مانا ئەم-
دى، ھەممەڭ مېنى يامان ئۈگىتىپ قويدۇڭ دەيسىلەر، مۇن-
دىن كېيىن چاتىقىم بولمايدۇ» دەپ قېيداپ چىقىپ كەتتى.
لېكىن، مومايىنىڭ قېيدىشى بىر دەملىك ئىكەنلىكىنى ھەممە
بىلەتتى.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ناشتىدىن كېيىن، ئاليوشانىڭ دادىسى زاۋودقا مې-
گىنىش ئالدىدا قىزىغا: «موماينىڭ كارى بولمىسا مەيلى، بۇ
ئاليوشانى سىناپ كورۇشنىڭ ياخشى پەيتى، ئۇ ۋاقىتقا ئۆز-
لىگىدىن ئەمەل قىلامدۇ، يوق؟ كورۇپ باقايلى» دەپ جى-
كىلەپ كەتتى.




ئالیۇشا ئاتىسىنىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قېنى، كۆرۈپ باقارسىز!» دەپ ئۆز كۆچىگە تايىنىپ مەشغۇ- لات ۋاقتىدا ۋەتىنى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. موماي ئاغزىدا «چاتىغىم يوق» دېسىمۇ ئەمەلىياتتا ئاليۇشانى «بالام، ئالماكىنى سومكاڭغا سېلىپ قويدۇم» دەپ مەكتەپكە ماڭغۇزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئاليۇشا مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا گىنكا ئىسىم-
لىك، ميڭىسى خام خىياللار بىلەن تولغان بىر ئوقۇغۇچىغا
يولۇقۇپ قالدى. گىنكا ئاليۇشاغا:«سەن بېشىڭدىكى مالخىيىڭنى
ماڭا بېرىپ تۇرغىن، لايىق كېلەمدىكىن، كىيىپ كورەي بو-
لامدۇ؟» دېدى. چۈنكى گىنكا بۈگۈن ئوغۇرلۇقچە شىمال
تەرەپتىكى قورۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ ئېكسكۋاتور ھايدىماق-
چىمىش.



گېنكا شەپكىسىنىڭ ئىسسىقى بولمىغانلىقتىن ئاليوشانىڭ مالخىيىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، شەپكىسىنى ئاليوشاغا كىيگۈزۈپ قويۇپلا، يولىغا كېتىۋەدى. ئاليوشا كېچىكىپ قېلىپ مەشغۇلات ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقى دەپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ مەكتەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئاليوشا سىنىپقا ۋاختىدا كەلدى، ئۇۋان كوپچولۇكـك: «بۇگۇنكى دەرسنى پىداگوگىكا ئوتىشو پرستىپىدىن كەلگەن پراكتىكانت ئوقوتقوچى ئولگاتەرىپىدىن ئوتولودو» دەپ ئىلان قىلدى.




ئوقۇغۇچىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاۋقۇن كۆتەردى ، ئاليۇ شامۇ : «بىزگە ستۇدېنتلارنىڭ چىشى پاتمايدۇ ، مۇئەللىم ئىۋان ، دەرسنى ئۆزىڭىز ئوتۇڭ» دەپ قارشى چىقتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



مۇئەللىم ئىۋان بالىلارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ياخشى تونۇشاتتى، شۇڭا ئۇ ھەممىلىرىگە: «بالىلار، سىلەر مۇئەللىم ئۆلگىنىڭ 5 نومۇر ئېلىشىغا ياردەم بېرىشنى خالامسىلەر؟ ئۇ-مۇسىلەرگە ئوخشاشلا ئوقۇغۇچى، ئۇلىگا دەرس ئۆتكەندە، تەرتىپ ساقلاپ تىنچ ئولتۇرۇپ بەرسەڭلەر، 5 نومۇر ئالالاي-دۇ» دېدى.




ئوقوغوچىلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوشاللىق بىلەن ماقول كوردى. ئولاردىن بىرى تورۇپ: «ئونىڭ 5 نومېر ئېلىشىغا قولىمىزدىن كەلگىنىچە ياردەملىشىمىز» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇ ھامان پراكتىكانت ئوقۇتقۇچى ئولگا دوسكا ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ، كۆپچۈلۈككە: «دەپتەرلەرنى ئېچىڭلار، بۈگۈن «ئەڭ ئامدان ئوقۇغۇچى - لېنىن ھەققىدە ھېكايە» دېگەن دەرىسنى تەكرارلايمىز» دېدى.



سىنىپ تىپ ـ تىنچ بولدى، مۇئەللىم ئىۋان ئاستا كېلىپ
ئەڭ ئارقىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇپ، باللارغا سەپ سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەرس ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئوتۇلمەكتە، ھەربىر ئوقۇغۇ-
چى تەرتىپكە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئۇن چىقارماي تىڭشىدى.



— ئاليوشا ئورنىدىن تۇرۇپ: «لېنىن بالا ۋاقتىدا مەشغۇ-
لاتنى مۇستەقىل ئورۇنلىيالايدىغانمۇ؟» دەپ سورىدى.



列寧对自己是很嚴格的，所以当他長大的時候，他已經養成了独立的工作能力。

ئولگا ئۇنىڭ سوئالىغا: «لېنىن بالا ۋاقتىدا ئۆز ئىشىغا پۇختا ئىدى، شۇڭا ئۇ چوڭ بولغاندا مۇستەقىل ئىشلەشكە قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىشتى» دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى.

www.uyghurkitap.com



ئاليوشا كونكمه دەپتىرىنى ئالماقچى بولۇپ سومكىسىغا
قارىسا، سومكىسىدا بىر كالەك ژىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ئاليوشا يېنىدا ئولتۇرغان نىكىتانى نۇقۇلاپ: «مانى ھارا، ئانام ژىپنى ئالما دەپ ژۈرۈپتۇ» دەپ مومىسىنىڭ كۈلكۈلۈك ئىشىنى ئېيتىپ بەردى.



ئۇنىڭدىن كېيىن ئاليوشا يېنىغا بۇرۇلۇپ قولىدىكى كال-
لەكنى ھەممە بالىلارغا كۆرسۈتۈپ، خۇددى ئالما يېگەندەك
غاجىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇنىڭ بىلەن سىنىپتا قاتتىق شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى، مۇئەللىم ئولگا كېلىپ ئاليوشانى ئەيىپلىدى. ئاليوشا نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇخلاپ قالدى.



بەختكە يارىشا، يېنىدىكى نىكىتا ئوقۇتقۇچىغا: «گۇنا ئال-
يوشادا ئەمەس، ئۇنىڭ مومىسىدا» دەپ ئىزاھ بەردى. مۇ-
ئەللىم ئاليوشاغا ھەممە ئىشتا ئانىسىغا تايىنىۋالماسلىقنىڭ كېرەك-
لىكىنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دەرستىن كېيىن، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئويۇنغىلى تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى، ئالىيوشالا ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق كوگاي بىرىم بولۇپ، سىنىپتىن چىقماي ئولتۇراتتى، مۇئەللىم ئۇنى كىرىپ كەلدى.



مۇئەللىم ئىۋان ئاليوشانىڭ مۇشۇ تاپتىكى روھى ھالىنى ئامدان چۈشۈنەتتى، شۇڭا ئۇ ئاليوشانى ئىپپلاۋەمەستىن، ئۇنى لېنىننىڭ روھىنى ئۆگۈنۈشكە، مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇئەللىم ئۇۋان يەنە: «ھەممە گەپ بەل باغلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاشتا» دېدى. مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاليوشا خوشال بولۇپ كېتىپ: «توغرى دېدىڭىز، بەل باغلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش كېرەك» دېدى.



بالىلار دەرىستىن چۈشتى، ئالىيۇشا چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن ۋاختى بىلەن ئۆيىگە كىتىپ باراتتى، يېرىم يولغا كەلگەندە بىر خاتىرە دەپتەر تېپىۋالدى، دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسىغا: «خەلق ساقچى ئىدارىسى شوبىسى يېنىدىكى بالىلار بولمىسىنىڭ تۇنجى لېيتېناتى سىر گېيىنىڭ» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




— ئاليوشا، ۋاختىدا بىرىپ غىزا يېيىشمۇ مۇھىم، لېكىن بىراۋنىڭ چۈشۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇ- رۇپ بېرىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، دەپ دەپتەردە يېزىلغان ئادرېس بويىچە تۇنجى لېتىپنانتنى ئىزدەپ ماڭدى.



ئالیوٴشا ئۆیگە کیرگەندین کییین لیتینانتنیڭ ئایال ئیـ
کەنلیگینی بیلدی ۋە ھېلیقی دەپتەرنی ئۇنیڭغا تاپشۇردی.

www.uyghurkitap.com



ئەسلدە ئۇ دەپتەر تۇنچى لېيتېناتنىڭ ئۇگۇنۇش تزىسى بولۇپ، ئۆز سڭلىسى كاتەگە بېرىپ تۇرغان ئكەن. شۇگا ئۇ دەرھال سڭلسغا تېلېفون بېرىپ: «سەن چۇشۇرۇپ قويغان دەپتەرنى بەختكە يارىشا بىر كىچىك ئوقۇغۇچى تېپىۋېلىپ ئەكىپ بەردى، سەن نىمىشكە بېپەرۋالىق قىلىپ، دەپتەرنى چۇشۇرۇپ ژۈرىسەن؟» دەپ سىڭلىسىدىن كايىدى.




كاتە تېلېفوندا: «ئاليوشاغا كوپ رەخمەت، سىز سوراپ بىقىڭ، بۇگۇن كەچ سائەت بەشلەردە مەن بىلەن مۇز تېيىلىشقا بارامدىكىن» دىدى. تۇنجى لېيتېنانت ئاليوشادىن «بارامسەن؟» دەپ سورىدى. كاتەنىڭ داگلىق كەنكىچى ئىكەنلىگىنى ئاليوشا بۇرۇندىنلا بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن دەل شۇچاغ ئۇنىڭ تاماشا قىلىش ۋاختى ئىدى، شۇڭا ئۇ تۇنجى لېيتېناتقا: «ناھايىتى ياخشى، جەزمەن بارىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاليوشا ئەمدىلا ئۆيگە مېڭىۋىدى، تۇيۇقسىزدىن بىر با-
لىنى ئالدىغا سېلىپ ساقچى كىرىپ كەلدى. قارىغاندەك بول-
سا، بۇ بالا ئاليوشانىڭ مالىخىينى ئالداپ ئېلىۋالغان گىمك-
نىڭ ئۆزى ئىكەن. ساقچى ئۇنى قېچىپ كېتىپ بارغان يېرىدە
تۇتۇۋاپتۇ.




ساقچى، بالىنى تۇنجى لېيتېنانتقا تاپشۇردى. تۇنجى
لېيتېنانت ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، گېنكىغا: «ئوقۇشۇڭ-
نىڭ تايىنى يوق، تېخى قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ ئېكسكاۋا-
تور ھايدىماقچى بوپسەنمىش، ئۇيەردىمۇ يەنە شۇ 2 نومۇر
ئالارسەن!» دەپ بىر مۇنچە تەنبىھ بەردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— ئالیۇشا تۇنجی لېیتېناتنىڭ ئالدىداگىنكىدىن مالخىينى تارتۇېلىشنى بىەپ كورۇپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ساخلاپ ئولتۇردى .




بۇ چاغدا سائەت بىر يېرىمگە ئاز قالغان ئىدى. ئۇيدە-
كىلەر، ئاليوشانى مەشغۇلات جەدۋىلىگە ئەمەل قىلىپ تاماققا
ۋاختىدا كېلەرمۇ، يوقمۇ؟ دەپ ئەنسىرىمەكتە ئىدى.

كېلىن: «تاماقنى يەۋەمەيلىمۇ ئۇنى ساخلاپ ئولتاماي» دېدى.

موماي: «سائەت بىر يېرىمگە يەنە بىر مىنۇت بار تې-
خى» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى



تويۇقسىزدىن ئىشىك قوڭغۇرىقى جاراڭلىدى، موماي ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا ئاليوشا ئىكەن، ئۇ مالخىيىنى قايتۇرۇپ ئېلىپلا، ئۇچقاندەك ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. سائەت بىر مىنۇتمۇ ئۇيان-بۇيان ئەمەس تۇپ-توغرى بىر يېرىم ئىكەن.




مومای ئاليوٴشادىن ئاستا: «بوخچاڭغا سىمادىن كەلگەن خەت-پەت كىرىپ قالغاندۇرمۇ؟» دەپ سورىدى. ئاليوٴشا بوخچىسىدىن ھېلىقى ژىپنى چىقىرىپ: «خەتنى كورمىدىم، ئەمما سىز بەرگەن ئالما ژىپقا ئايلىنىپ قەپتۇ» دېدى. مومای خىجالەت بولغىنىدىن ژىپنى دەرھال ئېلىۋالدى.




غىزادىن كېيىنكى ۋاخىت ئاليۇشانىڭ دەرىس تەييارلاش ۋاختى ئىدى، موماي باشقا بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، بىرياقتىن ئاليۇشانىڭ دەرىس تەييارلىشىغا ھايداقچىلىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن ئۆزى بالىلارنى تەربىيىلەش توغرىسىدىكى كىتابنى كورۇپ ئولتۇرغىدىن:«قولاي گەن ھەممە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالىلارنى فەدەر مۇستەقىل ئىشلەشكە ئۆگىتىش، كېرەك......» دېگەن جۈملىنى ئوقۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



موماي كىتابنى كورۈۋېتىپ:«سىما زادى بۇگۈن كېلەمدۇ، يوقمۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن بۇگۈن كەچتە ستانسىغا بېرىپ باقاي، بارمىسام بىكا ئۇچرۇشالماي قالماي» دەپ يەنە ھېلىقى خەتنى ئەسلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دەل شۇ چاغدا، سىما بىلەن نەۋرىسى ساشا ئولتۇرغان پويىزد موسكۋا ستانسىسىغا يېتىپ كەلدى.



سىما پويىزدىن چۈشتى، ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇزۇندىن بېرى كورۈشمىگەن كونا دوستۇمنى تونۇيالماي قالماي» دەپ كۈتۈشكە چىققان مومايلارنىڭ ھەممىسىنى سىنجىلاپ، كوزدىن كۈچۈردى.

www.uyghurkitap.com




ستانسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلدى. سىما ئۆز دوستى كەلـ
مىگەنلىكتىن: «بەلكى ئۇ باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپ، ئەۋەتكەن
خېتىم تەگمەي قالدىمۇ ـ يە؟» دەپ ئۈمىتسىزلەندى.




ساشا، تونۇش ئادەم چىقماي، 3 سائەتكىچە موسكۋانى
ساياھەت قىلالماي قالىمىزدۇق، دەپ ئەنسىرىدى. موماي
بولسا: «ھېچقىسى يوق، ئۆزىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ
كېلىمىز» دەپ ئۇنى بەزلەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



سىما ئىچىدە: «بەلكى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىشى باردۇر، شۇڭا مېنى ئۆيىدە ساخلاپ تورۇدىغاندۇ» دەپ، دوستىغا جامائەت تېلېفونى بىلەن، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىگىنى خەۋەر قىلماقچى بولدى.



بەرگەن تېلېفوننى خېلى ۋاختقىچە ھېچكىم قولغا ئالمىدى، ئۇ نەۋرىسىنى يېتىلەپ، دوستىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. بەختكە قارشى ئىشىك باقار موماي بولارغا «ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى» دېدى.



سىما «كوچۇپمۇ كەتمەپتۇ، ئالدىمىزغىمۇ چىقمىدى، كونا دوستلىرىمىزنى تامام ئۇنتۇپ قەپتۇ- دە» دەپ كۆڭلى قاتتىق رەنجىدى. ساشا، ئۇ موماي بىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلدى دەپ ئاچچىقلىنىپ: موممىنا- «موسكۋالىقتەك ئەسكى ئادەم يوق ئىكەن!» دىدى. دەل شۇ چاغدا، بۇ گەپ مۇز تېيىلىشقا كېتىپ بارغان ئاليوشانىڭ قۇلۇغىغا كىرىپ قالدى.




بۇ قىزچاقنىڭ موسكۋالىقنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ھاقا-
رەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاليوشا قىزچاقنى ئېيىپلىدى. قىز-
چاق «سىنىڭ نىمە چاتىقىڭ؟» دىدى. ئاليوشا: «چۈنكى
مەن موسكۋالىقمەن!» دىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پاشا ئاليوشانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەگەر سەن بىزنى باشلاپ موسكۋا مېتروپولىتېنلىرىنى، ئېگىز ئىمارەتلەرنى ساياھەت قىلدۇرساڭ، ئاندىن مەن موسكۋالىقلارنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن» دېدى.




ئاليۇشا ئۇنىڭ ئوتۇنۇشىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ:«ژۇرۇڭ-
لەر، باشلاپ باراي، بىز موسكۋالىقلارنى زاڭلىق قىلىنىشىڭلارغا
يول قويمايمەن» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئاليوشا بۇ ئىككى مېھماننى دەسلەپ مېترو پولىستىنلەرنى كۆرسەتتى.

ساشا: «نىمە دېگەن چىرايلىق، ھە!» دېدى.

موماي: «ھەممىسى ئالتۇندىن، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك!» دېدى.




ئاليوشا ئۇلارنى يەنە لىفتكە ئولتۇرغۇزدى. «پەخەس بولۇڭلار، بۇ ئوينىشىدىغان نەرسە ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇلار مېتروپولىتېنلەرنى كورۇۋشۇپ بولدى، ئاليوشا مۇز تېيىلىش ۋاختى توشقاشقا ئۇلارغا ئەمدى بىللە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ساشا بۇنى ئاڭلاپ شۇزامان كەيپىسىزلەندى.



ئاليوشا مۇئەللىم ئىۋانىنىڭ «ھەممە گەپ بەل باغلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاشتا» دېگەن سۆزىنى ئەسلە-دى-دە، كەنكىچى بىلەن مۇز تېيىلىشنىڭ ئامدان پۇرسىتىدىن ۋاز كەچمەكچى بولدى، بىراق كەنكىچىغا يالغانچى بولۇپ قالماي، دەپ مېھمانلارنى شۆيەردە ساخلىتىپ قويدى-دە ئۆزى كەنكىچىغا تېلېفون بېرىشكە كەتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىما بىلەن ساشا خېلى ۋاختقىچە ساخلىدى، ئاليوشا تېخىچە قايتىپ كەلمىگەچكە، سىما تاقەتسىزلىنىپ: «شۇ بالىنى دەپ نۇرغۇن ۋاختىمىز بىكارغا كەتتى، ساشا، ژۇره، ئۆزىمىز كېتىۋېرەيلى!» دېدى.



ئەمما ساشا ئاليوشانىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ، مومىسىغا: «سىز ژۇقۇرىغا چىقىپ كىتاپلارنى كۆرۈپ كېلىڭ، مەن ئۇنى بۇيەردە ساقلاپ تۇرۇمەن» دەپ ئۇتۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



سىما ژۇقۇرىغا چىقىپ كەتتى. ساشا بۇيەردە قېلىپ، ئا-
لىيوشانى كۈتمەكتە.



بۇ چاغدا بىر پاروۋوز ستانسىغا كېلىپ توختىدى، ستان-
سىدە قىستاقچىلىق بولۇپ كەتتى، ساشا ئىچى پۇشۇپ شۇ
قىستاقچىلىقتا تۇرغان جايىدىن چەتلەپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



موماي كىتاپلارنى كۆرۈپ بولۇپ كەلسە، ساشا يوق، ئۇ ئەنسىرەپ «ساشا! ساشا!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.




ژۇقۇرىغا چىقىپ مومىسىنى تاپالمىغان، پەسكە چۈشۈپ
ئالىيۇشانى ئۇچرىتالمىغان ساشا ئاچچىغىدىن ژىغلىۋاتقىلى تاس
قالدى ۋە «موما! موما!» دەپ چاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ساشانى كورگەن ستانسە خىزمەتچىسى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن، ھەممە يولۇچىلارغا: «بۇ كىمنىڭ قىزى؟» دەپ ۋاقىرىدى.



بۇنى ئاڭلىغان ئالىيوشا: «مىنىڭ، مىنىڭ قىزىم!» دەپ
ۋاقىرىغان بويى، ژۇگوروۋپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ساشا خۇ-
شاللىقىدىن ژۇگوروۋپ بېرىپ ئالىيوشانى قۇچاغلىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇئىككۈيلەن لىفىت بىلەن موماينى ئىزدەپ توپىگە چىقىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا موماي بولارنى ئىزدەپ ئىككىنچى بىر لىفىت بىلەن پەسكە چۈشۈۋاتقان ئىكەن.




ئۇچۇيلەن ئاخىرى يەنە تېپىشتى. موماي ئاليوشاغا:«سەن دېگەندەك، بۇ يەردە ئاچىچا يوللار نۇرغۇن ئىكەن، ئاليوشا يولنى يەنە ئۆزەڭ باشلا!» دەپ ئۆتۈندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تورى




بۇلار مېتروپولىتېندىن قايتىپ چىقىپ، ئۇرغۇن قە-ۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ساشا: «بۇ ئۆيلەر نې-مىدېگەن ئېگىزھە!» دېدى.

ئالىيوشا: «توغرى، بۇ، تەبىئى شارائىتقا باغلىق، نىمىشكە دېسەڭ، موسكۋا ئەتراپىدا ئېدىرلار، دوڭلۇكلەر كوپ، شۇڭا ئۆيلەرنى ئېگىز- ئېگىز قىلىپ سېلىشقا توغرى كېلىدۇ» دېدى.



بۇ چاغدا مۇئەللىم ئىۋانوۋ 8_ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ ئەنە شۇ ئىمارەتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەن ئىكەن. ئىۋان، ئاليوشانىڭ مېھمانلارغا چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆپ مەمنۇن بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەردە تۇرۇپ كورگىنىگە قاناتەتلەنمىگەن ساشا توپىگە چىقىپ قاراپ بىقىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئالىيوشانىڭمۇ چىقـقۇسى بار ئىدى. ئەمما بۇلار رۇخسەت ئالمىغان ئىدى، چۇنكى توپىگە ئادەتتىكى كىشلەر چىقىۋەمەيتتى.



مۇئەللىم ئۇۋان ئاليوشانى چاقىرىۋېلىپ «سەن بىز بىلەن بىللە چىقساڭ بولۇدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئاليوشا خوشاللىقىدىن تاخلاپ كەتتى. لېكىن ئۇ مۇئەللىمدىن ئۆزىنىڭ ئىككى دوستىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىشىنى سورىدى.



مۇئەللىم ئۇلار بۇ ئۆتۈنۈشنى ماقۇل كۆرمىدى. چۈنكى، ئۇلار كېلىشتىن ئاۋال ئىش باشقۇرغۇچىلارغا «بارىدىغانلار-نىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى» دەپ ئۇختۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاليوشا ئۆزىنىڭ ئاران تاپقان پۇرسىتىدىن كەچىسەم كېچەي، لېكىن دوستلىرىمنى تاشلىۋەتمەي، دەپ ئويلىدى.



ساشا توپىگە چىقىپ ئوينىيالمايدىغان بولدۇم دەپ كۆڭلى
بۇزۇلۇپ ژىغلىۋەتتى.




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاليۇشا: «مەن بارمىسامۇ مەيلى، سىز مۇشۇ قىزنى بولـ
سىمۇ ئۆزىڭىز بىللە ئەپچىقسىڭىز، چۈنكى ئۇ موسكۋاغا
مىڭ بىر تەسلىكتە كەلتۈ»دەپ يەنە ئۇ مۇئەللىمگە ئىلتىماس قىلـ
دى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئۆزى ماقۇل دېيىشكە ئوڭايسىزلىنىپ
مەسئۇل كىشىدىن سوراپ كۆرمەكچى بولدى.




سىما ئاليوشانىڭ بۇنداق كۆيۈمچانلىقىنى كۆرۈپ: «سەن راستىنلا ئامدان بالىكەنسەن، سىنى موسكۋالىقىنىڭ ۋەكىلى دىسىمۇ بولۇدىكەن» دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر ئوقۇغۇچى ژۇكوۋروۋپ كېلىپ ئۇلارغا: «مۇئەللىم روۇخـ
سەت ئالدى، مومايىنىمۇ چىقسا بولۇدۇ دەيدۇ» دېدى.



— ساشا بىلەن ئاليوشا خوشاللىقىدىن چوقۇرۇشۇپ كەتتى ، ئۇلار موماينىڭ قولىنى تۇتۇپ ، تاش پەلەمپەي ئارقىلىق ئۇ- قۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۈستىگە ئۆرلىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇلار بىر دەمدىلا تۆپىگە چىقىپ پەسكە قارىدى، ئەت-
راپنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قى-
لىۋالدى.



موسكۋا ــ نىمە دىگەن كۆركەم ۋە گۆزەل شەھەر! مانا ئەمدى پۈتۈن ئەتراپ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا جاۋلان بولماقتا.

www.uyghurkitap.com



سەككىزىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ
دۇربۇنىنى ساشاغا بېرىپ تۇردى.



ئاليوشا دۇربۇننى يەنە ئېلىپ بېرىپ ، ساشاغا قىزىل مەيداننى كۆرسەتتى .

www.uyghurkitap.com



— ئالىيوشا يەنە ئۇلارغا «ئاۋۇ كرېمىل سارىيى، ئاۋۇ موس-
كۋا ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئېگىز بىنالارنى تونۇشتۇردى. بۇنى
كۆرگەن قىز چاقىنىڭ ھەممە يەرگە بېرىپ ئوينىغۇسى كەلدى.



كېيىن ئالیوشا ئۇلارغا قىزىل مەيداننى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.



ئۇلارنى يەنە كرېمىل سارىيىغا باشلاپ بىرىپ، سائەتلىك مۇنارىنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




دەل شۇ چاغدا جاراڭلاپ قوڭغىراق چېلىندى. ئاليۇشا: «بۇ سائەتنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئۇلۇق! پۈتۈن يەر يۈزىگە ئاڭلىندۇ!» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇلار تازا لەززەتلىنىپ ئويناۋاتقاندا، ئولە موماي ستانسىغا كېلىپ، ئىككى سائەتچە ھايال بولدى، كەينى-كەيندىن كېلىۋاتقان پويىزدلاردىن توپ-توپ ئادەملەر چۈشۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئولەنىڭ كونا دوستى كۆرۈنمىدى.




ماروُژنا ساتقوُچی بىر ئايال موماينغا كوُيوُنوُپ، ئوُنىڭدىن
كىمنى ساخلاپ توُرغانلىغىنى سورىدى، موماي بىشىنى چاي-
قىدى، «مىنىڭ بىپەرۋالىغىمغا نىمەدورا باردوُر؟» دەپ ئوز-
ئوزىگە كايىدى.




دەل شۇ چاغدا، ستانسىنىڭ ئۇ چېتىدە سىما بىلەن ساشا موسكۋادىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى، ياخشى سايا- ھەت قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن موماي ئالىيوشاغا: «سەن بولمى- غان بولساڭ بىزلەر بۇنچىلىك يەرلەرنى كورالمايتتۇق، ساشا بىلەن ئىككىمىز سىنى ئۇلگىچە ئۇنۇتمايمىز» دەپ رەخمەت ئوقۇۋاتاتتى.



يولوچىلارنىڭ پويېزدغا چىقىش ۋاختى توشقانلىغى مىك-
روفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىندى، شۇ چاغدا سىما «ئولەگە
تەكسۇن» دېگەن، بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ پوچتىغا ساپ
قوي دەپ ئالىيۇشاغا بەردى، ئالىيۇشا خەتكە قاراپ باقمايلا
يانچۇغىغا سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ئاليوشا: «خەير، ساشا! ئامان بول، چاپسانراق چوڭ بول» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دوست قىزغىن قول تۇتۇشۇپ خوشلاشتى.



ساشا تۇيۇقسىزدىن ئاليۇشانىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ
ئالدى ـ دە ۋاگونغا كىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



سىما پويىزدغا چىقىۋېتىپ، ئۇدۇلدا تۇرغان ئولە موماي-
نى كورۇپ قالدى ۋە دەرھال چاقىردى؛ بۇنى ئاڭلىغان ئولە
موماي سىمانى كورۇپ ئالمان-تالمان ئالدىغا ژۇگوردى.



ئىككى دوست بىر- بىرى بىلەن قوچاغلىشىشقا ئولگور-
مەي، پويىزد مېڭىپ قالدى، سىما ئىلاجىسىزلىقتىن ئولەنى
تاشلاپ پويىزدغا چىقىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پويېزد موسكۋا ستانسىسىدىن ئاستىلاپ چىقماقتا، شۇنداقتىمۇ سىما ھېلىمۇ خەلق توپى ئىچىدىن ئولەنى ئىزلىمەكتە. ساشا بولسا، ئاليوشانى ئىزلىمەكتە.



ئۇله ساشاغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن كىچىك قىلىچ ۋە
كەنفىتلىرىنى پۇلاڭشىتىپ، پويىزدنىڭ ئارقىسىدىن ھەدەپ
ژۈگۈردى، ئەمما پويىزد بارغانسېرى تېزلەپ كېتىۋەدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




سىما كونا دوستىنى بىر نىمىلەر قىلىپ كورۇۋالغانلىغى ئۈچۈن ۋاگوندا ناھايىتى خوشال ئىدى. ئۇ ساشاغا: «مومايىنى كورەلىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ كېلىشىگە مىنىڭ كوزۇم يەتكەن ئىدى» دىدى.

ساشا: «موما، ئاليوشانى كورالمىدىم» دىدى.




ئۇ ئۇزىنى - ئۇلە ستانسىدا ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدى ، ئۇزى ئىسپلاپ: «مەن كونا دوستۇمنى كۇتۇۋالدىمۇ؟ يوق، زادى مەن بىغەم» دىدى.

www.uyghurkitap.com




— موماي تويۇقسىزدىنلا ئاليۇشانىڭ ژۇگۇرۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن: «بۇ يەردە نېمىش قىلىپ ژۇرىسەن؟» دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى. ئاليۇشا ئالدىرىغىنىدىن: «هازىر ۋاختىم يوق، مەشغۇلات ۋاختىدا كېچىكىپ قالىمەن، ئويگە بارغاندا سوزلىشەيلى!» دەپ قويۇپلا ژۇگۇرۇپ كەتتى.



مومای ستانسىدىن چىقىپ، بىر ماشىنىغا ئولتۇردى ـ دە، ئاليوشانى كەينىدىن قوغلاپ يەتتى ۋە ئۇنىڭغا «ماشىنىغا چىق» دېدى. ئەمما ئاليوشا ئۇنى قەتئىي رەت قىلىپ: «ياق، ۋەدەمگە تۇرۇمەن، مەشغۇلاتىمنى ئۆز كۈچۈم بىلەن ئورۇنلايمەن» دېدى.




شۇ چاغدا ئاچىسى: «7 يېرىمدا كەلمەكچى ، ۋاقىت ھازىرلا توشۇدۇ» دېدى . ئۆيدە ئۇنىڭ ئاتىسى ، ئانىسى ۋە ئاچىسى ئاليۇشانىڭ ۋاقتىدا كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى .

www.uyghurkitap.com




ئاليۇشا هاسىراپ ـ هومۇدەپ ئۆيگە كەلدى ، بۇ چاغدا سائەت دەل 7 يېرىم بولغان ئىدى. ئۇ: «كەچ قالماپتىمەندە!» دەپ قويدى. ئانىسىمۇ خوشال بولۇپ، ئوغلىنى ئۆز باغرىغا باستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئاليوشانىڭ كەينىدىن مومايمۇ ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.
ئۇ تەرنى تۈۋۈپ ئاليوشادىن: «مانا ئەمدى سىنى ئاياپ
قويمايمەن. چاپسان ئېيت، ستانسىدا نىمە ئىش قىلىپ ژۈر-
رۈسەن؟» دەپ قىستاپ سورىدى.



ئاليوشانىڭ ستانىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممىلەن
ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئاليوشا سۆزىنى نىمىدىن باش-
لىشىنى بىلەلمەي، يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ تەرىنى ئەرت-
مەكچى بولدى، كۈتۈلمىگەندە بايىقى خەت چىقىپ قالدى.
ئاتىسى كونۋېرتىدىكى «ئۇلەگە تەگسۇن» دىگەن خەتنى كۆ-
رۈپ، دەرھال ھومايىغا سۇندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




موماي خەتنى ئېچىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە سىما تەرىپىدىن يېزىلغان خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال كۆزئەينىكىنى تاقاپ، ئالدىراش-تىنەش ئوقۇدى:

«سەن كەلمىدىڭ، مېنىڭ نەۋرەم موسكۋالىقلار توغرىسىدا ناتوغرى تونۇشقا كەلگەن ئىدى، بەختكە يارىشا، بىر بالىغا ئۇچراپ قالدۇق، ئۇ بالا نەۋرەمنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى ئېلىپ تاشلاپ موسكۋالىقلارنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلاپ قالدى ......».



مومای خەتنی ئوقۇپ بولۇپ، ھەممىلەنىدىن: «ئۇ قايسى بالىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئالیۇشا بىگىز قولى بىلەن بۇرنىنى كورسۇتۇپ: «ئۇ بالا ئوزەم بولۇمەن!» دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى



مەسىلە ئېنىقلاندى، موماي بەك خوشال بولۇپ: «نەۋرەم مېنىڭ خاتالىقىمنى تۈزەپتۇ، ھەمدە مۇۋاپىق يوسۇندا مۇستەقىل ھەركەت قىلىش قابىلىيىتىنى كورسۇتۇپتۇ، دېمەك، مېنىڭ بەرگەن تەربىيەم بىكارغا كەتمەپتۇ» دېدى.



ئاليوشا: «مەن كىتاپتىن كۆرگەنمەن، كىتاپتا مومىسىدىن ياردەم ئېلىشقا بولۇدۇ، ئەمما مومىسىغا تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، دېگەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاخلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. موماي شۇ زامان ئاليوشانى، ساشاغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان كىچىك قىلىچ بىلەن مۇكاپاتلىدى.




www.uyghurkitap.com

گوركى شەھەرگە كېتىپ بارغاندا پويىزدا ياتقان سا-
شانىڭ ئاليوشانى سېغىنىپ ئويقىسىمۇ كەلمەدى. ئونىڭ مو-
مىسىمۇ: «سەن ئاليوشانى ياخشى كورگەندىن كېيىن، ئونىڭ-
دىن ئوگونۇشۇڭ كېرەك، ئو ھازىر ئوخلاپ قالدى، سەنمو
چاپسان ئوخلا!» دېدى.



سۆيۈملۈك ساشا مومىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇيقىغا كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، ئاليۇشامۇ كارۋاتتا يېتىپ: «ئەمدى مەن مەشـ
ھۇلات ۋاقتىمدا مۇستەقىل ۋە رايە قىلالايدىغان بولدۇم» دەپ
خۇشال ھالدا تېزدىن ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ كىتاپ، چاۋخۋا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 ــ ژىلى ئاۋغۇستتا نەشر قىلىنغان 1 ــ نەشرى
1 ــ باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根據朝花美術出版社1955年8月第一版第一次印刷本譯出

كىتاپ نومېرى121 (4) 571

# ئاليۇشىنىڭ ئوزىنى چېنىقتۇرۇشى

جۇڭگو كىنو ــ فىلىم تارقىتىش شىركىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېجىن گوزىبەن 54 ــ قورا.
بېجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
كىتاپ ــ ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن بەرگەن رۇخسەت
قەغەزى نومېرى: «出 ــ 047»
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.
1956 ــ ژىلى ئاپرېل بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1936 ــ ژىلى ئاپرېل بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

書號:571(4)121
阿遼沙鍛鍊性格
(維吾尔文)
中國電影發行公司改編
民族出版社翻譯出版
地址:北京國子監街54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠印刷
新華書店發行

1956年4月北京第一版
1956年4月北京第一次印刷
787粍×1092粍1/40　印張3$\frac{1}{8}$
印數:1—13,000冊　定價:一角八分
統一書號: MR8049·維37